# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 3 ـ ئاي

15

يەكشەنبە

维吾尔文 3月15日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25001 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلاردا يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن

## شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كورېيە زۇڭتۇڭى، ئىران زۇڭتۇڭى، ئىتالىيە زۇڭتۇڭى، ياۋروپا كېڭەشىنىڭ رەئىسى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسىگە ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگ-** **راممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا كورېيە زۇڭتۇڭى ۋېن زەيىنگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، يېقىندا كورېيەدە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەنلىكى مۇنا- سىۋىتى بىلەن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن كورېيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

چىن چۈەنگو خوتەن ۋىلايىتىدە نامراتلىق قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىدىغان نامرات ناھىيەلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى بويىچە مەخسۇس تېمىدا جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلغان، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بۇرچنى ئادا قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو چىرا، قاراقاش، گۇما، لوپ قاتارلىق بۇ يىل نامراتلىق قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىدىغان ئېغىر نامرات ناھىيەلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى بويىچە مەخسۇس تېمىدا جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇم پەيدا قىلغان زىياننى قەتئىي تولۇقلاپ، يۇقۇم دەخلى يەتكۈزگەن ۋاقىتنى قايتۇرۇۋېلىپ، نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى ئېغىر نامراتلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلگىرىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، چېن چۈەنگو كەنتلەرگە بېرىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ، كەسىپلەرنى كۆرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى سوراپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، نامرات ئامما بىلەن يۈزتۇرا پاراڭلىشىپ، نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرى بىلەن پىكىر يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كارخانا مەسئۇللىرى بىلەن تەرەققىيات توغرىسىدا پاراڭلاشتى.

كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشتىكى تۈپ تەدبىر، چېن چۈەنگو بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، چېن چۈەنگو كوئېنلۈن لۆيۈەن گۇرۇھى، چىرا ناھىيەسىدىكى باغباغتۇ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق گۇرۇھى باقمىچىلىق بازىسى، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كەسىپلەر بىلەن شەھەر يۇغۇرۇلغان يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، گۇما ناھىيەسىنىڭ سانائەت باغچە رايونى، لوپ ناھىيەسىنىڭ چاچ بۇيۇملىرى كەسىپلەر باغچە رايونى قاتارلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانىلار ۋە كەسىپلەر باغچە رايونلىرىغا بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش سېخى، باقمىچىلىق بازىلىرىغا كىرىپ، كارخانا مەسئۇللىرى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشقان نامرات ئاممىا بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ، كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نامرات رايونلارنىڭ قان ئىشلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو چىرا، قاراقاش، گۇما، لوپ قاتارلىق بۇ يىل قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىدىغان ئېغىر نامرات ناھىيەلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى بويىچە مەخسۇس تېمىدا جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلدى. سۈرەتتە: 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، چېن چۈەنگو گۇما ناھىيەسىنىڭ مۇجى بازىرى سايباغ كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە گۈلنساخان ئايۇپنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، تۇرالغۇ، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل كۆردى، كىرىم مەنبەسى، پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش، داۋالىنىش كاپالىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

---

خەلق گېزىتى ئوبزورچى ماقالىسى

## خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلايلى

3 ـ بەتتە

ئىش مۇددىتىنى تەتۈرسىگە تىزىش　نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىش

## ئاپتونوم رايونىمىزدا نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئىش پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **شى شىن، جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئىش پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، جەزمەن قەتئىي تەۋرەنمەي تۈر تۇتۇش، سېلىنمىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئۈرۈمچى شەھىرى ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى ئاشۇرۇشنى ئىقتىسادنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلەرنى ئىلمىي پىلانلىدى، تۈرلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىدى، تۈرلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى، بۇ يىللىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 191 بولۇپ، شەھەر مەمۇرىيىتى، ئۆي ـ مۈلۈك ھەم كەپىلەك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش، جەمئىيەت ئىشلىرى، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش، سودا ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق سەككىز ساھەگە چېتىلىدۇ، ئايروپورتنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، شىنجاڭ داشۆ يېڭى مەكتەپ رايونى قۇرۇلۇشى، خېماچۈەن يېڭى رايون شەھەر مەمۇرىيەتى يولى، ئۈرۈمچى ئولىمپىك تەنتەربىيە مەركىزى قاتارلىق مۇھىم، زور تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بۇ يىللىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 167 بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، شەرقىي جۇڭغاردىكى ئالتە ئېلېكتر ئىستانسىسى، فۇكاڭ سۇ تارتىپ ئېنېرگىيە ساقلاش ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىما چوڭ كۆۋرۈكى ھەم تۇتاشتۇرۇش لىنىيەسى، تۇدۇڭخابا دەريا بويىنى تۈزەش قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەر چىڭ تۇتۇلۇپ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇندۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بۇ يىللىق نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 20 بولۇپ، 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئىشنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر ـ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىك قۇرۇلۇشىدا ئاي بېشىدىلا ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىلدى

## كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلەرنى تۇتۇپ سېلىنمىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ جيۈن، شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئۆگىنىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما تەلىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، تۈر قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، بىر تۈركۈمدە ئىش باشلاش، بىر تۈركۈمنى زاپاس ساقلاش، بىر تۈركۈمنى پىلانلاش ھەققىي ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە زېپىسىنى ئورۇنداش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش پۇختا تىرەك ۋە كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئالىجان ئادىل:

## مەن توغرا ھايات يولىنى تاپتىم

ئاغزاكى بايان خاتىرىسى

مېنىڭ ئىسمىم ئالىجان ئادىل، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۇرغۇن خىزمەت قىلىپ باقتىم. 2016 ـ يىلى، مەن دوستۇم بىلەن شېرىكلىشىپ كومپيۇتېر ۋە خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى مەخسۇس سېتىش دۇكىنى ئاچتىم. دەسلەپتە سودىمىز يامان ئەمەس بولدى، كېيىن ئەرزان بولۇشنى قوغلىشىپ، مەھسۇلات سۈپىتى ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى ياخشى قىلمىغاچقا، سودىمىز بىراقلا چۈشۈپ كەتتى. مەن سەۋەبىنى ئۆزۈمدىن ئىزدىمەي، ئەكسىچە ئەتراپىمدىكى خىنزۇ كەسپداشلىرىمدىن ئاغرىنىپ، ئۇلار مېنىڭ سودامنى تارتىۋالدى، دەپ قارىدىم.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)


新疆日报 | 石榴云

新疆报业传媒集团


---

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

## خوتەندىكى 1800دىن ئارتۇق نامرات ئەمگەك كۈچى ئۈرۈمچى، سانجىغا يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سائەت 16دىن 04 مىنۇت ئۆتكەندە، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى 1800دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى ئولتۇرغان T6728 قېتىملىق مەخسۇس پويىز ئاستا ـ ئاستا ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا كىردى. ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى، سانجىدىن ئىبارەت ئىككى جايغا يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ، يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنى باشلايدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر كارخانىغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان ئابلىمەجىت ھوشۇر گۇما ناھىيەسىنىڭ چودا يېزىسى چارباغ كەنتىدىن كەلگەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە بەش جان بولۇپ، ئىككى مو يېرى بار ئىدى، تۇرمۇشى بىرقەدەر نامرات ئىدى. كەنت ئىش ئورنى ئۇچۇرنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۇ بىرىنچى ۋاقىتتا تىزىمغا ئالدۇردى، «ھۆكۈمەت بىزگە خىزمەت پۇرسىتى يارىتىپ بەردى، مەن جەزمەن ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ نامراتلىقتىن بالدۇرراق قۇتۇلىمەن».

ئابلىمەجىتقا ئوخشاش، بۇ 1800دىن ئارتۇق نامرات ئەمگەك كۈچىنىڭ ھەممىسى «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى قالپىقى تاشلىۋېتىلمىگەن ئون ئېغىر نامرات ناھىيەدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى»دىن مەنپەئەتلەنگۈچىلەر. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، خوتەن ۋىلايىتىدىن تۇنجى تۈركۈمدە 1800دىن ئارتۇق ئىشلەمچى خادىم T6728 قېتىملىق پويىزغا ئولتۇرۇپ، ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىبارەت ئىككى جايغا يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

## ئاپتونوم رايونىمىز ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سېتىش قىيىن بولۇشنى ھەل قىلدى

يېزا ئىگىلىكى ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سالدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ شياڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىدىن ئۇقۇشىچە: ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىنى سىجىل، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش بىلەن ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قىسمەن رايونلارنىڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىدە يېڭىلىق يارىتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشنى قوللاپ، يېتەكلەپ، نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرى بىلەن بازار ئېھتىياجىنى ئۈنۈملۈك ئۇدۇللاشتۇرۇشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكى ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن كەلتۈرۈلگەن خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بارغانسېرى ئىچكىرى رايونلاردىكى سودا سارايى، تالالا بازارلىرىغا سېلىنىپ، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## خوتەن كەچلىك بازىرى نامرات ئاھالىلەرنىڭ بېيىش يولىنى «يورۇتتى»

□ **ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز نيۇ بىن**

3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا، خوتەن شەھىرىنىڭ گۇجاڭباغ يېزىسىدىكى رەتتۇرنىسا مەتسالى ئېرى بىلەن بىللە خوتەن شەھىرىدىكى بىر قۇشخانىغا بېرىپ كالا بېشى سېتىۋېلىپ، ئۆيىگە ئەكېلىپ ئۆكلەپ، يۇيۇپ پىشۇردى. ئۇلار خوتەن كەچلىك بازىرىدىكى بىر يېمەكلىك يايما ئورنىدا تىجارەت قىلىدىغان بولۇپ، مەخسۇس كالىنىڭ پىشىشىق باش گۆشىنى ساتىدۇ. كەچلىك بازاردا تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن، ئۇ قاتتىق غەيرەتكە كېلىپ يۇقۇم پەيدا قىلغان زىياننى تولۇقلىماقچى بولدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)